# 94842 ـ خەيرىيەت ئورۇنلىرىدا توپلانغان ئىقتىسادقا زاكات پەرز بولمايدۇ

## سۇئال

ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قەرزگە ئېھتىياجلىق بولغانلارغا قەرز بېرىش ئۈچۈن خەيرى ـ ساخاۋەت ساندۇقىغا ئىقتىساد توپلايمىز، ھازىر ساندۇقتا كۆپ ئىقتىساد توپلاندى، بۇنىڭغا زاكات بېرىش كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئالللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

خەيرى ـ ساخاۋەت ساندۇقىغا توپلانغان ئىقتىساد بولسا، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە قەرز بېرىش ياكى جىددى ياردەمگە مۇھتاج بولغانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن توپلانغان ئىقتىساد بولۇپ، بۇنىڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مەلۇم بىر شەخسنىڭ خۇسۇسى ئىقتىسادى ئەمەس، ئۇ ۋەقپە قىلىنغان مالغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا زاكات پەرز بولمايدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، پەتىۋا كومىتېتى ئالىملىرىدىن: "مەلۇم بىر قەبىلىدە توپلانغان مال بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىقتىسادنى مۇشۇ قەبىلە ئىچىدە دىيەت ئىشلىرى بولسا شۇنىڭغا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئىقتىسادتا تىجارەت قىلىپ ئۇنىڭدىن چىققان پايدا دىيەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلسە، مەزكۇر ئىقتىسادقا زاكات كىلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟. ئۇ مالنى تىجارەتكە ئىشلەتمىسە ئۇنىڭغا زاكات كىلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟. قەبىلىدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولغان ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئاشۇ ساندۇققا بەرسە توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەھۋال يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولسا ئۇ مال ۋەقپىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ، ئۇ مالنى مەيلى تىجارەتكە سالسۇن ياكى ساندۇقتىن يۆتكىمىسۇن ئوخشاش. توپلانغان ئىقتىساد پەقەتلا كەمبەغەللەرگە ياكى باشقا زاكات ھەقلىق بولغانلارغا خاس قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ساندۇققا زاكات بېرىش توغرا بولمايدۇ "."دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى"(8/291).

دائىمى كومىتېتى ئالىملىرىدىن يەنە: بىزنىڭ قەبىلىدە قەبىلە ئىچىدە يۈز بەرگەن ئۆز ـ ئارا سۈركىلىش، دىيەت تۆلەش ئىشلىرىغا سەرپ قىلىنىدىغان خاس ئىقتىساد توپلىنىدىغان ساندۇق تەسىس قىلىندى، توپلانغان ئىقتىسادنى ئىسلامى ئاساستا تىجارەتكە شېرىك قىلدى، بۇ ئىقتىسادقا زاكات كىلەمدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دىگەن: "ئەمەلى ۋەقەلىك يۇقىرىدا

بايان قىلىنغانده‌ك بولسا، بۇ ئىئانه قىلىنغان مال ئىئانه قىلغۇچىلارغا قايتۇرۇلمايدىغان، دىيه‌تكه ئىشلىتىلمىگه‌نده باشقا ياخشىلىق يوللىرىغا سه‌رپ قىلىنىدىغان بولسا، ئۇنداق ئه‌هۋالدا بۇ مالغا زاكات كه‌لمه‌يدۇ، ئه‌مما بۇ مال ئه‌سلى توپلانغان نىشان بويىچه سه‌رپ قىلىنماي، ئۆز ئىگىلىرىگه قايتۇلغاندا، هه‌ر بىر كىشىنىڭ ئالغان نه‌سىبىسى بويىچه زاكات بېرىش ئۆلچىمىگه يه‌تسه ۋه يىل توشسا ئاندىن مال ئىگىسى ئۆز مىلىنىڭ زاكىتىنى بېرىدۇ". ["دائىمى كومېتىتى په‌تىۋاسى"(8/296)].

شه‌يخ ئىبنى ئۇسه‌يمىين ره‌هىمه‌هۇللاھ: يىزىلىق پۇندى جه‌مئىيه‌ت ئه‌زالىرى ئايلىق ئه‌زالىق ره‌سمىيىتى ئۆته‌يدۇ. بۇ جه‌مئىيه‌ت ئۆز ئه‌زالىرىدىن تۆرلۈك هادىسىگه ئۇچرىغانلارغا يارده‌م بېرىش، دىيه‌ت ئادا قىلىش، توي قىلىش ياكى باشقا ته‌ره‌پتىن ئېهتىياجلىق بولۇپ قالغانلار بولسا ئۇلارغا قه‌رز بېرىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن توپلانغان ئىقتىساد توغرىسىدا مۇنداق ده‌يدۇ: "بۇ ئىقتىسادقا زاكات كه‌لمه‌يدۇ، چۈنكى بۇ ئىشتىراكچىلارنىڭ ياكى مه‌لۇم بىر شه‌خسنىڭ ئىقتىسادى ئه‌مه‌س، مۇئه‌ييه‌ن ئىگىسى بولمىغان ئىقتىسادقا زاكات كه‌لمه‌يدۇ". "ئىبنى ئۇسه‌يمىين په‌تىۋالار توپلىمى" 18-توم184-به‌ت].

ئالله هه‌ممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.